# تامچه

ئىلمى - تەتقىقات ژورنىلى 1995 . ئاپرېل بىرىنچى سان

مۇتەپەككۇر ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆرنەكلەر،

غەرىپ ۋە ئىسلام دۇنياسىغا نەزەر

## ــ ئامچا ــ

« قوش ئايلق ئلمى تەتقىقات ژورنلى »


**دىنمىز، مىللىتىمىز ۋە تارىخى كىملىگىمىزنى قوغداپ قالايلى!**

................................ 1

**تەپسىر** ــ تەرجىمە: ئا. تۇران........ 2

**ھەدىس** ــ تەرجىمە: ئا. قارقاش..... 5

**ئۇيغۇرلار** ــ ئۆمەرقانات........... 10

**« يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ تېخنىكى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى »**

غۇلامىددىن ئەھمەت............... 12

ــ شېئرى گۈلزارلىرىدىن ــ

توپلان مىللەت! م. بۇغرا............ 14

ۋەتەن قەدرى. ئابلەت ھاپىز.......... 15

غۇربەت غەزىلى. ساتتار بۇلبۇل...... 16

ۋىجدان. ئەھمەت زىيائى............. 16

سالام ساڭا تۈركىستان. ئابدۇللا...... 17

**كائىناتتىن « ئىلىم ـ تېخنىلوگى »**

تەرجىمە: ئا. قارقاش............. 18

**« ھېچ بىلمىسىز قۇرئان بولامدۇ؟ »**

تەرجىمە: ئا. قارقاش.............. 18

**«سۆھبەت.... قەدرى كېچىسى»**

تەرجىمە: ئا. قارقاش.............. 22

**ئانا ۋەتەن تارىخىدىن... (1946 ـ 1948)**

تەرجىمە: ئا. قارقاش.............. 23

**زامان بىلەن سۆھبەت** ئا. خېلىل...... 27

**« ھىكمەتلىك سۆزلەر »**

تەرجىمە: ئا. قارقاش.............. 28


**ئادرىسىمىز ۋە بانكا ھساپ نومۇرىمىز تۆۋەندىكىچە:**

---


Abduljelil
Hausnerstr. 9
85551 Kirchheim B. M.
Germany

Tel: 0049/89/904 53 40
Fax-Modem: 0049/89/904 61 55


HYPO-BANK
M-Schanthalerstraße
Konto-Nr. 1830251703
Bankleitzahl-Nr. 70020001

# دىنىمىز، مىللىتىمىز ۋە تارىخى مەۋجۇدىيىتىمىزنى

# قوغداپ قالايلى!

شەرقى تۈركىستاندا دىنىي ۋە مىللى تارىخى ئەنئەنىۋى بارلىقىمىزغا زەربە بېرىلىۋاتقان، مەسجىد، ئىبادەتخانىلار تاقىلىۋاتقان، پەرزەنتلىرىمىز دىنىي ۋە تارىخى كىملىك تەلىم - تەربىيىسى كۆرۈشتىن مەھرۇم قېلىۋاتقان، قىسقىسى: ئىنسان ھەق - ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، قوش ئايلىق ئىلمى تەتقىقات «تامچا» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشى، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ چاڭقىغان قەلبىگە تېمىتىلغان بىر تامچىدۇر.

ۋەتەن ئىچىدە دىنىي ۋە تارىخى كىتاپلار كۆيدۈرۈلۈپ يوق قىلىنغان، دىنىمىزغا ۋە ھەقىقى مىللى تارىخى كىملىكىمىزگە قارشى كىتاپلار، گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە تارقىتىلىۋاتقان، ئەمما مىللىتىمىزنىڭ قولىدا ھېچقانداق دىنىي ۋە مىللى تەشۋىقات قورالى بولمىغان، ئىنتايىن بەختسىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى شەرقى تۈركىستان خەلقىگە، ھەر- خىل دىنىي ۋە مىللى تارىخى كىتاپلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىش، ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە مىللى كىملىكلىرىنى تونۇشىغا بولغان ئېھتىياجىنى ئازراق بولسىمۇ تەمىن قىلىش، بىز مۇھاجىرەتتىكى شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۈستۈمىزگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپىمىز ۋە باشتارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىزدۇر.

مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ بىر ۋەزىپىگە قولۇمىزدىن كېلىشىچە ئازراق بولسىمۇ خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە، دەسلەپكى قەدەمدە «تامچا» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدۇق.

ژۇرنىلىمىز سىزلەرگە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپتىن تەپسىر ۋە شەرھىلەر، مۇتەپەككۇر ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئىلمى ماقالىلىرى، شۇنداقلا مىللى كىملىك ۋە تارىخى ئەدەبى ماقالىلار، دىنىي سوئال جاۋاپلار، پەن ۋە تېخنىكا، ھېكمەتلىك سۆزلەر .... قاتارلىق جەھەتلەردە ماقالىلار سۇنىدۇ.

ژۇرنىلىمىز شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى ھاياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۈز ۋاختىدا ئېخىمۇ سۈپەتلىك نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن سىز ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە يېقىندىن ياردەمدە بولۇشىڭىزلارنى ۋە بىزنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشىڭىزلارنى چىن قەلبىمىزدىن سەممىمى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئاللاھ ئىشىمىزغا مۇۋەپپىق قىلغاي. ئامىن !.**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## — قۇرئان كەرىمدىن —

فى زىلالىل قۇرئان - پروف. سەيىد قۇتۇپ
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلجېلىل توران

بسم الله الرحمن الرحيم

اِنَّا اَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ۝ فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ۝ اِنَّ شَانِئَكَ هُوَالْاَبْتَرُ۝

### — كەۋسەر سۈرىسى —

« كەۋسەر سۈرىسى مەككىدە نازىل بولغان ئۈچ ئايەتتۇر ».

**تەرجىمىسى: « بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق (1) پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن (2) ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام - نىشانى قالمايدۇ (3)»**

بۇ سۈرە ( ۋەززۇھا، ئەلەم نەشرەھ سۈرىلىرىگە ئوخشاش ) ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزگە خاس بىر سۈرىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزگە تەسەللى قىلماقتا، ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋەدە قىلماقتا، دۈشمەنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن خەۋەردار قىلماقتادۇر.

شۇنىڭ بىلەن بۇ سۈرە مەككىنىڭ ئەۋۋەلقى دەۋرلىرىدە ئىسلام دەۋىتىنىڭ ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغۇچىنىڭ ھاياتىدىن بىر سۈرەت سىزماقتا. ھەزرىتى پەيغەمبەرگە ۋە ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ خۇشخەۋەر بەرگەن ئاللاھ'نىڭ چاقىرىقىغا قارشى ( پەيغەمبەرگە ) قىلىنغان ئەزىيەتلەرنىڭ ۋە ھىلىگەرلىكلەرنىڭ، بىر سۈرىتى كۆرسىتىلمەكتە. ئۇلۇغ ئاللاھ'نىڭ ئۆز بەندىلىرىنى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە بولغان ئازساندىكى مۇسۇلمانلارنى قانداق ساقلاپ قالغانلىقىنى، ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنى گۈزەل ۋەدىلەر بىلەن ھۇزۇر ھالاۋەتكە ئېرىشتۈرۈپ خاتىرجەم قىلغانلىقىنى، توغرا ئۇسۇلدا يولغا قويغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئاداۋەت ساقلىغانلارنى قورقۇنۇشلۇق تەھدىت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكتە.

شۇنىڭدەك ھىدايەت، ياخشىلىق ۋە ئىمان ھەقىقىتى بىلەن ئازغۇنلۇق، يامانلىق كۇپۇرلۇقنىڭ ھەقىقىتىنى سېلىشتۇرماقتا، ئەۋۋەلقىسىنىڭ كۆپلىگىنى، بەرىكىتىنى، ۋە مەڭگۈلۈكلىگىنى، ئىككىنچىسىنىڭ بولسا ئازلىقىنى، بەركەتسىزلىكىنى ۋە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا، مەيلى بۇنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەرسىز بولغانلار خالىغانچە باشقا - باشقا گۇمان قىلىشسۇن.

---

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ھەزرىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ دەۋىتىنى ھىلى - تۇزاق، مەسخىرە قىلىش ۋە كەمسىتىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جانابى ئاللاھ'تەرىپىدىن ئۇلارغا كەلتۈرۈلگەن ھەقىقەتكە، ئاس ئىبنى ۋائىل، ئۇتبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت، ئەبۇلەھەب، ئەبۇجەھىل قاتارلىقلار، ئىنسانلارنىڭ قۇلاق سالماسلىقلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالغان قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ مۇتىۋەرلىرى، ھەزرىتى پەيغەمبەر ھەققىدە «ئۇ، نام نىشانسىز، » دەيتتى. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوغۇل پەرزەنتىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولاتتى. شۇنىڭدەك ئۇلاردىن بىرى مۇنداق دەيتتى: «ئۇنىڭغا ئەگەشمەڭلار ئۇ' ئارقىسىدا ھېچ كىمنى قالدۇرماي يېقىندا ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشى تۈگەيدۇ». بۇ ئاددى ۋە ئىپلاس تۇزاق تورلىرى، ئوغۇل باللىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئەرەپ جەمىيتىگە ئوخشاش بىر مۇھىتتا، ھەقىقەتەن بىر سادا تەسىر قالدۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بەزىلىرى مۇشۇنداق پەسكەش ئويۇنلارنى ئويناپتتى ۋە ئۇنىڭغا (پەيغەمبەرگە) ئاداۋەت قىلغۇچىلار ئارىسىدا بۇ ئويۇن مەلۇم تەسىر پەيدا قىلاتتى. ھەقىقەتەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەلبى بۇنىڭدىن بەكمۇ مەيۈس ۋە پەرىشان بولغان ئىدى. مانا شۇنىڭ بىلەن بۇ سۈرە نازىل بولدى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەلبىنى ھۇزۇر ۋە خۇرسەندىلىك قاپلىدى. ئۇلۇغ ئاللاھ'پەيغەمبىرى ئۈچۈن تاللىغان ئەبدى ۋە داۋاملىق بولىدىغان ياخشىلىقنىڭ ھەقىقىتىنى ئورتىغا قويدى ۋە ئۇ پەيغەمبەرنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ نام - نىشانسىز قالىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

**﴿ اِنَّا اَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ ﴾**

**«بىزساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق»**

«كەۋسەر» (ياخشىلىق) كۆپلۈكنىڭ بىر تۈرىدۇر. سان - ساناقسىز ئەبەدىلىكنى ئىپادىلەيدۇ. ھەقىقەتنى كۆرمەكچى بولغان بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرى سۈرگەن مەنىلەرنىڭ تامامەن ئەكسىچە، بىزساڭا كۆپ ۋە تۈگىمەيدىغان نىئمەتلەر بەردۇق. (مەنئى قىلىنمىغان تۈگىمەس نىئمەتلەر.) بىر ئىنسان ئۇلۇغ ئاللاھ'نىڭ ھەزرىتى پەيغەمبەرگە بەرگەن بۇ نىئمەتلەرنى ئويلىسا، كۆزى كۆرەلىگەن ۋە ئەقلى تەسەۋۋۇر قىلالىغان ھەر بىر نوقتىدا بۇ نىئمەتلەرنى كۆرىدۇ. بۇ نىئمەتنى

www.uyghurkitap.com



پەيغەمبەرلىكتىمۇ كۆرىدۇ. بۈيۈك ھەقىقەت، كاتتا مەۋجۇدىيەتتىمۇ بۇھەقىقەتنى كۆرىدۇ. ئۆزىدىن باشقا بىر شەيئىنىڭ، بولمىغان بىر مەۋجۇدىيەت بىلەن ئالاقە ئورناتقاندا بۇنى كۆرىدۇ. ئاللاھ'نى تاپقان ئادەم ئۇچۇن يوقۇتۇش بولامدۇ؟

ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان قۇرئانمۇ بۈيۈك بىر نىئمەتدۇر. قۇرئاننىڭ بىر سۈرىسىمۇ چەكسىز بەركەتلىك بىر غەزىنەدۇر، كۆپلىگى ۋە بەركىتى چەكسىز بولغان بىر مەنبەئەدۇر.

ئۇلۇغلار دۇنياسىدا ئاللاھ'غا دۇئا قىلغان پىرىشتىلەرمۇ بۈيۈك بىر نىئمەتدۇر. بۇ پىرىشتىلەر يەر يۈزىدە ئۇ (پىرىشتىلەرگە) دۇئا قىلغانلارغا دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئىسمى يەريۈزىدە ۋە ئاسماندا ئاللاھ'نىڭ ئىسمى بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئۇنىڭ (پەيغەمبەرنىڭ) ئەسىرلەر بويى داۋام قىلىپ كەلگەن سۈننىتىمۇ بۈيۈك بىر نىئمەتدۇر. پۈتۈن يەر يۈزىدە ئۇنىڭ يولىدىن ماڭغان مىليونلارچە ئىنساننىڭ مىليونلارچە تىللىرىنىڭ، مىليۇنلارچە ئېغىزىنىڭ، ئۇنىڭ نامىنى زىكرى قىلىشى ئۇنىڭ ھاياتىغا ۋە ئۇنىڭ زىكرى قىلىنىشىغا قىيامەتكە قەدەر ھەيران قالغان مىليۇنلارچە قەلبنىڭ بارلىغىمۇ بىر نىئمەتدۇر.

ئۇنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارنىڭ شۇنچىۋىلا ئەرسىلەرگە يېتىپ كەلگەن سان- سىزلىغان ياخشىلىقمۇ «كەۋسەرنىڭ» بىر پارچىسىدۇر. بۇ ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى تونۇپ- تونىماي ئىمان كەلتۈرگەنلەرمۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلانماقتا ۋە ھەركىم بۇ نىئمەتدىن نەسىۋىسىنى ئالماقتادۇر.

بۇ كەۋسەرنىڭ نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى باردۇر. بۇلارنى بىر- بىرلەپ ساناش، ئۇلارنى قەلبلەرگە كىرگۈزۈش، ئاز كۆرسۈتۈش، ياكى كىچىكلىتىش پايدىسىز بىر تەشەببۇسدۇر.

قىسقىسى ئۇ بىر كەۋسەر بولۇپ ئۇنىڭ تۈگمەس پەيزى، سانسىز بىلمى بولغان نىھايەتسىز كەۋسەردۇر. بۇ سەۋەب بىلەن ئايەتنى ۋە سان- ساناقسىز كۆپىيىپ ۋە ئارتىپ بارغان ھەر ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئوخشاش بولمىغان رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، كەۋسەرنىڭ جەننەتتە بىر دەريا ئىكەنلىگى ۋە ھەزرىتى پەيغەمبەرگە بېرىلگەنلىگى رىۋايەت قىلىنىدۇ. لېكىن ئىبنى ئاباس (ر. ئە) بۇ رىۋايەتكە مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىدۇ: «بۇ دەريا ھەزرىتى پەيغەمبەرگە بېرىلگەن تۈگمەس ياخشىلىقنىڭ بىر پارچىسدۇر. بۇ كەۋسەردىن پەقەت بىر كەۋسەردۇر» بۇچۈشەندۇرۈش ئىچىدە ۋە بۇ شەرتلەردە ئەڭ ئۇيغۇن تەپسىر بۇدۇر.

(داۋامى ئىككىنچى ساندا)

## ـــ ھەدىس شەرىپتىن ـــ

« جەۋامىئۇلكەلىم - رىزائىددىن فاخرىددىن »
تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇلجېلىل قاراقاش**

قال رسول الله صلى الله عليه والسلم:

« سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ »

مَنْ باتَ كالاًّ مِنْ طَلَبِ الْحَلالِ باتَ مَغْفُوراله.

**تەرجىمىسى: « بىر كىشى ھالال كەسىپ قىلىش يۈزىسىدىن ئاغرىپ يېتىپ قالسا گۇناھى ئەپۇ قىلىنىپ يوقۇلىدۇ ».**

ئىسلام دىنى، مۇسۇلمانلارنى ئەبەدى بولغان ھايات ئۈچۈن تىرىشىش ۋە سەرمايە ياساش توغرىسىدا تەشۋىق قىلىشى بىلەن بىرگە دۇنياۋى، فانى ھايات ئۈچۈنمۇ تىرىشىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلىدۇ، ھەتتا تەشۋىق بىلەنلا قالماي بەندىلەرگە بۇ تىرىشىشنى بەزى ۋاقىت پەرز قىلىدۇ. شۈبھىسىز ئاخىرەت سائادىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن دۇنياۋى، فانى ھاياتتا باي - ئىقتىسادلىق بولۇش، ئاجىز مىسكىن بولماسلىققا سەۋەبدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھالال كەسىپ قىلىش يۈزىسىدىن ئاغرىپ ياتقۇچىلار، ئىسلام دىنىنىڭ مەزكۇر تەشۋىقلىرىنى ۋە پەرزلىرىنى ئادا قىلغۇچىلار قاتارىغا كىرىدۇ، ئائىلىلىرىنى زىللەت ۋە ساپالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە تىرىكچىلىك قىلغۇچىلار بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن گۇناھى ئەپۇ قىلىنىشقا لايىق بولىدۇ.

مازايى - ماشايىخلاردا ۋە باشقا ھۆرمەتلىك ئورۇنلاردا خەلقنىڭ خەيرى - ئېھسانلىرىنى كۈتۈپ ياتقۇچىلارغا مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ بىشارەتلەر قاچان بولىدۇ؟، ئەمما كىشىلەر ئالدىدا يۈز ئابرۇيىنى ساقلاش ئۈچۈن ھالال يول بىلەن كەسىپ قىلغۇچىلار ۋە ماڭلاي تەرلىرىنى ئاققۇزۇپ رىسق ئىستىگۈچىلەر توغرىسىدا راسۇلۇللاھ' ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك خەۋىرى ھەركىمنىڭ كۆز ئالدىدىدۇر.

ئىشچى - دىخانلار ۋە سودا - سانائەت ئىشلىرى بىلەن ياكى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، يۇقۇرقى سۆيۈملۈك خەۋەرگە ئەھمىيەت بىرىشكە، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ' تائالاغا ھەمدى - سانا ئوقۇشقا، ئىش - ئىشلەپ مال تېپىپ نەفلى ناماز ئوقۇغۇچىلار ساۋابىنى تېپىشقا تىرىشىشى لازىم.

بۇ گۈنكى كۈنلەردە ۋاپات بولغان ئىتماتلىق ئالىملاردىن ئىسمائىل ھەققى ئەپەندىنىڭ جامى شەرىپتە سۆزلىگەن بىر خۇتبىسىدىن بۇيەرگە مۇناسىپ بولغان جۈمىلىلەرنى تۆۋەندە كۆچۈرىمىز.

بىزنىڭ مۇسۇلمان خەلقى ئارىسىدا: « بىزگە ئاخىرەتلا لازىم، باشقا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس » دەپ ئۆزلىرىچە زاھىدلىق ۋە تەقۋالىق يولىنى تۇتقۇچى بىر فىرقە بار. بۇلارنىڭ يولى توغرا يول ئەمەس بەلكى ھورۇنلۇقنىڭ يولىدۇر. بۇلارنىڭ قارىشىچە دۇنياۋى ئىشلار توغرىسىدا تىرىشىش قىزغىنىشنىڭ ئېچ ئەھمىيىتى يوق. بۇلار « قولدا نېمە بولسا شۇيېتىدۇ » دەپ گويا قانائەت - تەۋەككۇل قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار « قانائەت » بىلەن « تەۋەككۇل » نىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى ئۆزلىرى بىلمەيدۇ. ئىسلام دىنى ھورۇنلۇقنى بىكار تۇرۇشنى قوبۇل قىلىدىغان « دىن » ئەمەس. راسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى: ﴿ **اطلبوا الرزق فى خبايا الاض** ﴾ دەپ بۇيرۇيدۇ. قۇرئان كەرىم: ﴿ **هوالذى جعل لكم الارض ذلولا فمشوا فى مناكبها و كلوا من رزقه** ﴾ ( ئاللاھ تائالا: يەرنى سىلەرگە مەسخىرى قىلىپ بەردۇق، رىسقىڭلارنى تاغلارنىڭ تۆپىسىدىن ئىزدەڭلار ) دەپ بۇيرۇيدۇ. تاغلارنىڭ تۆپىسىدىن رىسق ئىزدىگەن يەردە تۈز يەرلەردە رىسق ئىزدەش تېخىمۇ كېرەك بولىدۇ.

ئىنسانلار ئۈچۈن قول ھۈنەرلىرى ۋە دىخانچىلىقلا يەتمەيدۇ، بەلكى بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەردە بولغان بايلىق ۋە غەزىنىلەردىن پايدىلىنىش لازىم. ئەسلى بايلىق مەدەن ئىشلىتىش بىلەن قولغا كىلىدۇ. يەر ئاستىدا مەدەن بەككۆپ، لېكىن بۇلار يەر ئاستىدا تۇرغان مۇددەتچە ھېچ كىمگە پايدىسى يوق. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق كۆمۈلۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ياراتمىغانلىغى ﴿ **وانزلنا الحديد فيه بأس شديد ومنافع للناس** ﴾ دېگەن سۆزىدىن مەلۇم. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا تۆمۈرنى ماختايدۇ، تۆمۈر بولمىسا بىر ئىش قىلىشنىڭ تەسلىگىنى، ئۇنى خەلقنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ياراتقانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەمما بىزنىڭ زاھىدلىرىمىز دۇنيانىڭ ئارقىسىدىن قوغلىماسلىقتا، قانائەت - تەۋەككۇل قىلىشقا ئۈندەيدۇ، باشقىلارمۇ شۇلارغا مۇداھىنە قىلىدۇ. بۇمۇللىلار پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تولدى، بۇلارنىڭ شۇ ئەقىدىسى سەۋەبىدىن ئىسلام دۇنياسى بۇرۇنقى ئېتىبارىدىن چۈشۈپ مۇنقەرىزلىك يولىغا كىردى.

ئاللاھ تائالا رىسق ئىزدەشكە بۇيرۇسۇن، راسۇلۇللاھ ھالال كەسىپ قىلىشقا نەسىھەت قىلسۇن، سىز بۇچاقىرىقلارنى بىجا كەلتۈرۈشنىڭ

ئورنىغا، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ تۇرۇڭ!. مۇسۇلمانلىق ۋە توغرۇلۇق بۇمۇ؟ ...

خەلقلەر تۇپراقنى پاختىنىڭ ئورنىدا تۇتۇپ مەدەنلەر ئىزدىسۇن، سىز باشقىلارغا قول ئۇزۇتۇپ تۇرۇڭ ! ... بۇ ئىش توغرا بولارمۇ؟ جانابى ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرىلىرىنى ۋە ئىرشاتلىرىنى ئېتىبارغا ئالمىغاندىن كېيىن ئىشلارنىڭ ئاقىبىتى نىمە بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە زەئىپلىنىدۇ، پېقىرلىك كېلىدۇ، پېقىرلىك كېلىشى بىلەن « دىن » زەئىپلىنىدۇ. **مۇھتاجلىقتا قالغان كىشىنىڭ ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.** راسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى « رىسقىڭلارنى باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش يولى بىلەن ئىزدىمەڭلار. پېقىرلارنى ئېزىپ باي بولۇش يولىنى تۇتماڭلار، بەلكى مەدەنلەر قېزىش يولى بىلەن تېپىڭلار!. » دەپ بۇيرۇيدۇ.

لېكىن يەرئاستىدا بولغان مەدەنلەرنى تېپىش ۋە ئېلىش ئۈچۈن ئىلىم - پەن لازىم. مۇسۇلمانلار بۇ ئىلىملەردىن ئايرىلىپ قالغاندىن بىرى ئىسلام دۇنياسى ئارقىدا قالدى. سان - ساناقسىز ئالىملارنىڭ مەركىزى بولغان ئەندىلىس مەملىكىتىدە ۋە ئاسىيەدە ئىلىم مەركىزى بولغان سەمەرقەن ۋە تاشكەنلەردە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ نەسىھەتلىرى ئومۇمى يۈزلۈك زاھىدلىق بولدى.

بۇ زاھىدلەر « بىز دۇنياغا مەڭگۈ كەلمىدۇق، قىيامەت يېقىن » دەيدۇ. توغرا قىيامەت يېقىن، لېكىن قىيامەت ئەللىك مىڭ ياكى يۈز مىڭ يىلدىن كېيىن بولامدۇ؟. بۇنى جانابى ھەقتىن باشقا ھېچ كىم بىلمەيدۇ. قىيامەتنى پۈتۈن مىللەتنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويۇش، مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىش ۋە تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىشدۇر. مانا مۇشۇنداق پىكىرلەر بىلەن باشلىرى تۇمانلانغان خەلقلەر ئەلۋەتتە ئىزىلىدۇ، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھېچ ئىشقا تىرىشماي ئىش - ھەركەتنى تاشلاپ تۇرۇشتەك ھورۇنلۇقلىرىغا « قانائەت » ۋە « تەۋەككۇل » ئىسمىنى بىرىپ خۇددى زاھىدلىك قىلىدۇ. لېكىن بۇ ئىش تەۋەككۇلمۇ، قانائەتمۇ ئەمەس.

**قانائەت.** باشقىلارنىڭ مال - دۇنياسىغا كۆز تىكمەي ۋە كۆرەممەسلىك قىلماي، ئۆز قولىدا بارىغا رازى بولۇپ تۇرماق بولۇپ، **تەۋەككۇل**، پۈتۈن سەۋەبلەرنى ھازىرلاپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاللاھ غا تاپشۇرۇشدۇر. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ناھايىتى تىرىشچان ئىدى، ھەرتۈرلۈك زەخمەتلەرگە قىلەن قارشى تۇراتتى، بۇنى بىزگە ئۆز ھەركىتى بىلەن ئەخلاق دەرسى بەرگەن ئىدى. ئەگەر دۇئا بىلەنلا ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پۈتىدىغان بولسا ئىدى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىدىن ئۇلۇغ دۇئا يوقتى، ئۇرۇشلارغا بېرىشقا ھاجەت قالماي بەلكى تۇرغان يېرىدىلا دۇئا قىلىپ دۈشمەننى ھالاك قىلغان بولاتتى. ھېچ شۇنداق قىلدىمۇ؟ ئادەم باللىرى تىرىشىش ۋە ئىجتىھات قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. راسۇلۇللاھ' ھەزرەتلىرى: «**خيركم من لم يترك دونياه لاخرته ۋلا آخرته لدونياه ولم يكون كلا على الناس**» (سلەرنىڭ ياخشى بولغىنىڭلار ۋە پەيغەمبەر سۆيىدىغان ئىككىلا دۇنيادا بەختىيار بەندىلەر، شۇكىشىلەركى ئاخىرەت ئۈچۈن دۇنيانى تاشلىمىغان ۋە دۇنيا ئۈچۈن ئاخىرەتنى تاشلىمىغان بەلكى ھەرئىككىسىنى بىرلىكتە ئېلىپ ماڭغان كىشىلەردۇر، چۈنكى ئاخىرەت سائادىتى دۇنيانى تاشلاشتا ئەمەس بەلكى ھەم ئاخىرەتنى ھەم دۇنيانى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشتا) دەپ بۇيرۇيدۇ.

«بىزگە دۇنيا كېرەك ئەمەس ئاخىرەتلا كېرەك» دىگۈچىلەر ئىش - ھەركىتىدىن توختايدۇ، ھورۇنلۇق قىلىشقا باشلايدۇ، بۇلارنىڭ قايسىسى «مەشھەد» گە كىتىدۇ، قايسىسى «ھەرەم» گە كىتىدۇ ۋە قايسىسى ئۆز ئۆيلىرىدە بىكار ئولتۇرىدۇ. ئىشسىز تۇرۇش سەۋەبىدىن بۇلارنىڭ «پىكىر» قىلىش ئىقتىدارى ئىشتىن توختايدۇ، پۈتۈن ۋاختى ئەسنەپ - سوزۇلۇپ يېتىش بىلەن ئۆتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىش - ھەركەتنى تاشلاش سەۋەبىدىن پۈتۈن مىللەت زەرەرلىنىدۇ، بۇنداق ئادەملەرنى «ئىنسان» قاتارىدا ساناش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇلارنىڭ ئىنسانلىق بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق.

بەزى ئادەملەر بار: «بايلاردىن كەلگەن زاكات،سادىقى فىترىلەر بىلەن كۈن ئۆتكۈزەلەيمىز» دەيدۇ ۋە شۇ سادىقىلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ مۇسلىمانلارنىڭ ھسابىغا كۈن كۆرۈش ۋە مۇسلىمانلارغا ئېغىر يۈك بولۇش بولغانلىقتىن بۇنداق ھايات كەچۈرۈش گۇناھدۇر. ھەركىم ئۆز رىسقىنى ئۆزى تەمىنلىسۇن، ئەگەر مەجبۇر قالغاندا بۇ مۇسلىمانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

بىزدە دىندارلىق دەۋاسى بەك ئەزان، بەزى كىشىلەر قۇرۇق دىندارلىق داۋاسى قىلىدۇ، لېكىن مۇسلىمانلارنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن باشلامچىلىق قىلىش ئويىقتا تۇرسۇن ئازراقمۇ كۈچ سەرىپ قىلمايدۇ. شۇبھىسىز بۇلار «دىن» دۈشمەنلىرىگە خىزمەت قىلماقتا. دىندارلىق ئىسمى بىلەن دىنغا خىيانەت قىلغۇچى كىشىلەر بۇلاردۇر. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرەت كىشىلىرى ئىكەنلىگىنى داۋا قىلىسمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۈمىد - ئارزۇلىرى دۇنيادۇر. ئۇلاردۇنيانى بىر سائەت - بىر مىنۇتمۇ كۆڭلىدىن چىقىرالمايدۇ.

ئىسمائىل ھەققى ئەپەندىنىڭ خۇتبىسىدىن
ئالغان ئىبارىلىرىمىز بۇ يەردە تاماملاندى.
ھەدىسلەرنىڭ ئەسلىنى تەكشۈرمىدۇق، بۇھەقتە
بىز مەسئۇل ئەمەس.

ئادەم بالىسى يا ئاخىرەتتە يا دۇنيالىقى
ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. بىر ئىش بىلەن
شۇغۇللىنىش ئىنساننى ھورۇنلۇقتىن، ئىسراپ
ۋە كەيپى - ساپادىن، پېقىرلىك ۋە يامان
ئەخلاقلاردىن ساقلاشقا سەۋەب بولىدۇ.
ئەرەپ شائىرلىرىدىن ئۇرۋە ئىبنى ئۇزىنە
نىڭ بۇگۈزەل شېرلىرىنى خاتىرىدە ساقلاشقا
لايىقدۇر.

اذالمرء لم يطلب معاشا لنفسه
شكا الفقر اولام الصديق فاكثرا
وصار على الا دنين كلا واو شكت
صلات ذوى القربى له ان تنكرا
وما طالب الحاجات من كل وجهة
من لناس الا من اجد وشمرا
فسر فى بلاد الله والتمس الغنى
تعش ذايسار او تموت فتعذرا

مەزمۇنى: ئادەم بالىسى ئۆزى ئۈچۈن بىر
تىرىكچىلىك يولى قايغۇرمىسا، پېقىرلىكتىن ۋە
دوستلىرىدىن شىكايەت قىلىدۇ ۋە يېقىنلىرىغا
ئېغىر يۈك بولۇشقا باشلايدۇ، ئاخىردا ئۇرۇق -
تۇققانلىرىمۇ ئۇنىڭدىن يىراقلىششقا باشلايدۇ،
ھەتتا تونىماسلىققا سالىدۇ. جۇزئىتلىك كىشى،
تۇرمۇش يولىغا ئۇرۇلۇپ كىرىشكە تىرىشىدۇ.
ئۇنداقتا سەن باي بولۇش ئۈچۈن ئاللاھ نىڭ
زېمىنىنى كېزىپ يۈر، ياكى مال تېپىپ
بەختىلىك ياشارسەن ياكى مەزۇر ئۆلەرسەن.

تۇغرا، دۇنيادا ياشاش ۋە دۇنيادا
بولغان بايلىقلارغا ئىگى بولۇشنى
ئىستىگەن مىللەت، پەقەتلا ئۆز
پىداكارلىقى ۋە ئۆز ئىجتىھادى، ئۆز
تىرىشچانلىقى بىلەنلا ياشايدۇ. ئىجتىھاتتا
كەمچىلىك قىلغۇچى، ھەرتۈرلۈك خىيال
- پەرەزلەرگە بېرىلىپ تىرىشىش ۋە
سەئيى قىلىشتىن مەھرۇم قالغۇچى
بىرمىللەتنىڭ نەسىبى زىللەت ۋە
ساپالەتتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.
ھەزرىتى ئەلى:

دوائك فيك وما تشعر وداك منك وما تبصر

دېگەن ئىدى.

« بۇ زاماندا ھالال كەسىپ قىلىش مۇمكىن
ئەمەس » دېگەن سۆزلەر، جاھىل سوپىلار
تەرىپىدىن سۆزلەنگەن مۇجمەل بىمەنە
سۆزلەردۇر. « ھالال كەسىپ » قىلىش
ھەرجايدا ۋە ھەرزاماندا تېپىلىدۇ.
ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ **يا أيها الذين امنوا كلوا من طيبات ما رزقناكم واشكروالله ان كنتم اياه تعبدون** ﴾ دېگەن سۆزى بىرلا ئەسىر ۋە
ياكى بىرلا ئورۇنغا قارىتىلغان بولماسلىقى
مەلۇم. قۇرئان ۋە سۈننەت، ئىجماء ۋە قىياس
تەرىپىدىن مەنئى قىلىنمىغان نەرسىلەرنىڭ
ھەربىرى ھالالدۇر. بۇ توغرىدا بەزى بىر
مۇجتەھىدلەر مۇخالىپ كەلسىمۇ ئۇنىڭ زىيىنى
يوق. مۇجتەھىدلەرنىڭ ئىجتىھادىغا ئەگەشمىسە
بولمايدۇ دەيدىغانغا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا
بىر پەرمان كەلگىنى يوق. مۇسۇلمانلارنىڭ
پۈتۈن ماللىرى ۋە ھەر - بىر كەسىپلىرى ھالال
بولۇپ كەتمىسىمۇ، كۆپىنچىسى « ھالال »
ئىكەنلىكىدە شۇبھى قىلىشقا ئورۇن يوق

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۆمەر قانات

## ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە شەۋكەتلىك مەدەنىيەت ياراتقان شانلىق ۋە كۆركەملىك دۆلەت ۋە ئىمپېراتورلۇقلار قۇرغان مىللەتلەرنىڭ بىرى. ختاي مەنبەئەلىرىدە هونلارنىڭ ئەۋلادى دەپ كۆرسىتىلگەن ۋە ئەجداتلىرىنىڭ هون تەڭرىقۇتىنىڭ قىزى بىلەن بۆرىدىن تۆرەلگەنلىگى بىلدۈرۈلگەن. ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمى چاغلاردىن تارتىپلا، تەڭرى تاغلىرى بىلەن قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىلىقىدىكى تارىم ۋادىسىدا، تەڭرى تاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرى ئارىلىقىدىكى جۇڭغارىيە دالاسىدا، ئىلى دەرياسى ۋادىلىرىدا، ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدىكى جايلاردا، جەنۇبى سىبىرىيە، هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمهۇرىيىتى تەۋەلىكىدىكى سەلىڭگا، ئورخۇن، توغلا، قورۇلۇن دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرىدا. گەنسۇدا هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىمالى قىسىدا ياشاپ كەلگەن.

ختاي تارىخى هۆججەتلىرىدە، ئۇخى، خۇيخى، خۇيگو، ۋېيۇر دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ نامىنىڭ مەنبەئەسى توغرۇسىدا ختاي ۋە چەت ئەل كىتابلىرىدا هەرخىل يېزىلغان. بىر خىل قاراشتىكىلەر: ئۇيغۇر دېگەن سۆز «ئۇيۇماق»، «ئۇيۇشماق» تىن كەلگەن، ئۇ «ئۇيۇشۇش»، «ئىتتىپاقلىشىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە دەيدۇ. بۇ XIV ئەسىردە ئۆتكەن پارسى ئىلخانلىغىنىڭ باش ۋەزىرى تارىخشۇناس خوجا راشىددىن فازىلۇللاھ'نىڭ قارىشىدۇر.

ئۇ ئۆز تارىخى ئەسىرى «جامىئۇل تاۋارىخ» تا: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «تۈرك تىلىدا بىرلىشىش ۋە ياردەملىشىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەيدۇ.

ئىككىنچى بىرخىل قاراشتىكىلەر: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ «بېقىنماق، يېپىشماق» ياكى «ئۇيۇشماق» دېگەن مەنىسى بار دەيدۇ.

ئۈچىنچى بىرخىل قاراشتىكىلەر: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئۆزى ئوزۇق تېپىپ يەيدىغانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەيدۇ

تۆرتىنچى بىرخىل قاراش، قەھرىمانىغا مەدھىيە ئوقۇلغان داستان «ئوغۇز نامە» دىن كەلگەن، «ئوغۇز نامە» دا ئوغۇزخان دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، هەرتەرەپكە يارلىق چىقارغان، يارلىقتا: «مەن

يارلىق چىقارغان، يارلىقىدا: «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن» دېيىلگەن. بۇ رىۋايەت نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، «ئۇيغۇرلار» دېگەن سۆزنىڭ شەرھى بولۇپ قالغان. بۇ سۆز ئوغۇزخاننىڭ ئۆز پۇخرالىرىنى ئاتاشتا قوللانغان سۆزى ئىدى، دەپ قارالماقتا.

يەنە بەزىلەر: تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ، «دانىشمەن»، «قۇدرەتلىك» ھەممىگە قادىر دېگەن مەنىنى بېرىدۇ دەپ ھېسابلىماقتا.

يەنە بەزىلەر: بۇ سۆز ھىندى يۇلىدىن كەلگەن دەيدۇ. يەنى بۇ سۆز پتولىمىنىڭ خاتىرىسىگە يېزىلغان ئۇيغۇرلار ياشىغان جاينىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتىكى قىياس بولۇپ، ئۇنىڭدا: «ئۇيغۇر» تارىم دەرياسى بىلەن ئوخشاش نامدىكى مىللەت نامى دەپ قارايدۇ.

پتولىمى مىلادى II ئەسىردە يۇناندا ئۆتكەن جۇغراپىيون. ئۇنىڭ «جۇغراپىيون» دېگەن كىتابىنىڭ «سىرىس» قىسمىدا: «ئۇنىڭمۇ جەنۇبى تەرىپىدە رامنايىلار ياشايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئۇۋەن تەرىپىدە پىئالايلار ياشايدۇ. ئۇلار ئۇيغار دەرياسى (تارىم دەرياسى، يەنى Oechaedes دەيمىز تەرجىمە قىلىنغان) قىرغاقلىرىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن ئوخشاش نامدىكى ئۇيغارلار ياشايدۇ» دېيىلگەن. ئەنگلىيىلىك ئالىمى ھىنرى بۇ ئۇيغارلار، ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇيغار دەرياسى تارىم دەرياسىدۇر، دەپ ھېسابلىغان.

ھامىلتون (Hamilton) بولسا 974 - يىلى يېزىلغان خىتايچە: كىئۇ ۋۇ تەي (Kiu Wu Tai) ناملىق ئەسەردە ئۇيغۇر دېگەن نام بۆر كۆتەك ئۇچۇپ ھۇجۇم قىلىدىغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەيدۇ.

ھازىرقى تۈركىيە تۈركولوگىيىسىدە «ئۇيغۇر» مەدەنى، ئىلغار دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تۈركولوگىدىكى «ئۇيغار» يەنى مەدەنى «ئۇيغارلىق» يەنى مەدەنىيەت سۆزلىرى ئۇيغۇر دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزگەرتىلىش سەۋەبىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان ئەھمىيەتلىك رولى ۋە قىرشقان شەۋكەتلىك تۆھپىسىگە بىنائەن. ئۇلارنىڭ نامى مەدەنى ۋە مەدەنىيەت سۆزلىرى بىلەن بىر مەنىدە ئىشلىنىغان. ئەمما «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ئۆز يېتىچە ئىشلىنىشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويىدىغان بەزى قىيىنچىلىقلىرى كۆز ئالدىدا تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن شەكلى «ئۇيغار» سۆزى مەدەنى ۋە «ئۇيغارلىق» سۆزى مەدەنىيەت مەنىسىدە ئىشلىنىغان. (داۋامى بار 2 - ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غۇلامىددىن ئەھمەت

## يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ تېخنىكى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىرى

لاالِهَ اِلاَّ اللّهُ مُحَمَّدٌ رَّسُولُ اللّه

**« ئالـلاھ » دىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (س. ئە. ۋ.) ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر! »** دەپ ئىمان ئېيتقان يەنى ئىشەنگەن ھەر بىر مۇسلىمان، تىلى بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزىگە دىلى بىلەن راست دەپ ئىشىنىدۇ. ئاغزى بىلەن ئېيتىپ دىلى بىلەن تەستىق قىلمىغان بىر كىشىنى كامىل يەنى پۈتۈن مۇسلىمان دېگىلى بولمايدۇ...

ماددىياتقا تايانغان ماتېرىيالىستىك دۇنيانىڭ كۆپ ساناپ ئىلگىرلەۋاتقان تېخنىك ئۆسكەنسىرى مەنىۋىياتقا بولغان كۆزقاراشلارمۇ بارغانسىرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان كۈنىمىزدە، بولۇپمۇ يۇقۇرى بىلىملىك ئالىم ۋە مۇنەۋۋەر ئىنسانلار ئارىسىدا ئىسلامىيەتنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرىگە بولغان ھۆرمەت، ئىشەنچ ۋە قىزىقىشلار كۈندىن - كۈنگە ئاشماقتا ۋە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىپ مۇسلىمان بولۇپ، ئىسلامىيەت بىلەن شەررەپلەنگۈچىلەرنىڭ سانى سۈرئەت بىلەن ئېشىپ كۆپەيمەكتەدۇر....

بۇنداق بولۇشىنىڭ ئەلۋەتتە بىر سەۋەبى ۋە بىر ھەقىقىتى باردۇر. بۇنى بىز ئىلمى يولدىن تەتقىق قىلىپ بىر خۇلاسە چىقىرىدىغان بولساق، « دۇنيا تېخنولوگىيە جەھەتتە قانچىلىك ئىلگىرلىگەنسىرى، قۇرئان كەرىمنىڭ مەڭگۈلۈك مۆجىزىسى ئۇ نىسبەتتە يۇقۇرى كۆتۈرۈلۈپ يەنى ئېنىقلىنىپ ئايدىڭلاشماقتادۇر. » باشقا دىنلەرگە ئىشەنگۈچى ئىنسانلارنىڭ سانى بارغانسىرى ئازىيىپ تۇۋەنلەۋاتقان بىر چاغدا، دۇنيا مۇسلىمانلىرى سانىنىڭ ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىشى، بۇ ھەقىقەتنىڭ ئوچۇق بىر ئىسپاتىدۇر. بۇ ھەقىقەتنى يالغۇز بىزلا ئەمەس بۈتۈن ئامېرىكا ۋە ئاۋروپانىڭ ئەڭ مەشھۇر مەتبۇئات ۋە ئىلمى تەتقىقات ئورۇنلىرى ئورتىغا قويماقتا ۋە نەتىجىنى پۈتۈن خەلقئاراغا ئېلان قىلماقتادۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە بۈتۈن كائىنات ۋە مەخلۇقاتنى ياراتقان ئالـلاھ: **﴿ يا أولوا ألألْبابْ ﴾** يەنى ئى ئەقىل ئىگىلىرى دەپ خىتاپ قىلغان ئىنسانلار ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ئەڭ دەسلەپكى ئەمرى پەرمانىدا ئوقۇ « اِقْرَا! » دەپ بۇيرىدىكى ئىنسانلارنىڭ كۆزى كۆرگەن ۋە قولى بىلەن تۇتۇشى مۇمكىن بولغانلا نەرسىگە بار ( مەۋجۇت ) دەپ ئىشىنىپ، كۆز بىلەن كۆرەلمەيدىغان قۇۋۋەت، قۇدرەت ۋە ھەقىقەتلەرگە يوق دەپ ئىشەنگەن ماتېرىيالىستىك كۆزقاراشلارنىڭ

**قانچىلىك مەنىسىز ۋە خاتا ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ ئەڭ ئىلگىرىلىگەن تېخنولوجىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقماقتادۇر .....**

ئىنسانلارنىڭ روھى ۋە مەنىۋىياتىغا ۋە يارىتىلىش قابىلىيىتىگە ھېچ ئەھمىيەت بەرمىگەن ماركسىزم ۋە لېنىنىزم ۋە ماۋىزم خىمىر تۇرۇشلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ماددىغا ئىشىنىپ ياراتقۇچى ( ئاللاھ ) نى ئىنكار قىلغان كوممۇنىزم نەزىرىيەسىنىڭ قانداق بىر ئاقىبەتكە ئۇچرىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرگەن «ئەقىل ئىگىلىرى» ئۇچۇن بۇ بىر ساۋاقدۇر. ھەر بىر نەرسىنىڭ بار بولۇشى ئۇچۇن ئۇنىڭ مۇتلەق كۆز بىلەن كۆرۈلۇشى شەرت ئەمەس. ئىسلامىيەت ئېتىقادىچە «غايىپقا ئىشەنگۈچىلەر» يەنى كۆزى بىلەن كۆرەلمىگەن ئاللاھ' نىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە... ئىشەنگۈچىلەر، ياراتقان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن توغرى يولدادۇر. دېيىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە: ﴿ الم ذَالِكَ الْكِتَابَ لَارَيْبَ فِيهِ هُدًا لِلْمُتَّقِينَ ۞ اَلَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبَ ﴾ ( بەقەرە سۈرىسى ) مانا شۇنىڭغا تايىنىپ ئىنقلايدىغان بولساق، دۇنيادا ھېچ بىر ئىنسان يوقكى ئۆزىنىڭ ئەقلىنىڭ يوقلىقىغا ئىشەنمەيدىغان..... ئەقلىم بار دەپ ياشايدىغان ھەر بىر كىشى، مانا شۇ مەۋجۇت ئەقلىنى ھېچ بىر كىشى «ماۋۇ مېنىڭ ئەقلىم» دەپ كۆرسىتەلمەيدۇ، ئۇ ئەقىل ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشى بىلەنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتەلەيدۇ خالاس.....

بۈگۈن پۈتۈن ئالەمگە دەھشەت ۋە قورقۇ سېلىپ بىر پارتىلاشتا بىر شەھەر ياكى بىر مەملىكەتنى خاراپ قىلىدىغان ئاتومنىڭ پارتىلىنىشىدا چوڭ رول ئوينىۋاتقان، ئەسىرىمىزدە فەزا يەنى ئالەم بوشلۇقىنى ئۆزاقلاردىن كونتۇرۇل يەنى باشقۇرىۋاتقان ئېلېكتىرىك ئېنېرگىيىسىنى ئۇ قانداق نەرسە؟ ۋە ياكى ئۇ قانداق بىر كۈچ؟ دەپ سوراشقا توغرا كەلسە، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بۇنىڭغا: «ئېلېكتىرىك ئېنېرگىيىسى كۆز بىلەن كۆرەلمەيدىغان قول بىلەن تۇتالمايدىغان، تاد ۋە تەمى تېتىلمايدىغان غايىپ، پەقەتلا قىلغان ئىشى بىلەنلا ئۆزىنى ئاشكارا قىلىدىغان بىر ئېنېرگى يەنى بىر قۇۋۋەتدۇر» دەپ جاۋاپ بىرىشىدە شۈبھى يوق. چۈنكى بۈگۈن پۈتۈن مەكتەپلەردە بۇ ئوقۇتۇلىدۇ. مانا بۇنىڭدىن «ھەر بىر نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن چۇقۇم كۆز بىلەن كۆرۈلۈشى شەرت، كۆز بىلەن كۆرەلمىگەن نەرسە يوقدۇر»، خۇدا نەدە؟ خۇدانى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ پىرئەۋنگە ئوخشاش ئوتتۇرىغا چىققان ماددىيەتچى كومىنىستىك نەزىرىيىسىنىڭ زامانىمىزدا قانداق ئېپلاس بولۇپ بىردىن چۆككەنلىگىنىڭ ئاساسى سەۋەبى، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان ئەمەسمۇ؟. ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرنەرسىنىڭ بار بولۇشى ئۇچۇن ئۇنىڭ مۇتلەق كۆز بىلەن كۆرۈلۇشى شەرت ئەمەسدۇر. ئاللاھ' باردۇر ۋە بىردۇر! پۈتۈن كائىنات ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ بارلىغى ۋە بىر ئىنتىزام ۋە بىر تەرتىپ ئىچىدە مۇقىملىغى ئۇ ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئەلانىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكىگە ئوچۇق دېلىل ۋە ئىسپاتدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## شېرى گۈلزارلىرىدىن

مۇھەممەت ئەمىن بۇغرا

### توپلان مىللەت !

بىشىمىزدا ئۇلۇغ مىللەت سەۋداسى،
جان جىگەرلەر بۇۋەتەننىڭ شەيداسى.
شۇئارىمىز ئەركىنلىكنىڭ شەيداسى،
مىللى بىرلىك دەردىمىزنىڭ داۋاسى.

**توپلان مىللەت توغرا يولدا يۈرەيلى !**

ئىلىم بىرلىك كۈچ قۇۋۋەتنى باسالماس،
بىرلىك بىلەن يۈرگەن مىللەت يوقالماس.
يۈرگەن مىللەت ئوتتۇر يولدا ھېچ قالماس،
يۈرەيلى بىز، بىزنى ھېچكىم تۇتالماس.

**توپلان مىللەت توغرا يولدا يۈرەيلى !**

يۈكسەك ئەخلاق بىزگە بولسۇن قول - چىراق،
ئەخلاق بىلەن يولنى يۈرۈپ باس ئاياق.
مىللەت، بايلىق، ئەركىنلىككە چوڭ ياراغ،
ئىشلەيلى بىز چۆللېرىمىز بولسۇن باغ.

**توپلان مىللەت توغرا يولدا يۈرەيلى !**

ئابلەت ھاپىز

# ۋەتەن قەدرى

ۋەتەن سېنى ئەسلەيمەن كېچە - كۈندۈز ھەرزامان،
يوقتۇر ماڭا ئارامىلق سېنى كۆرمەي ئەل ئامان.

گەرئۇنۇتسام مەن سېنى ئۇشبۇ ھالىم نە ئولۇر،
سېنى سۆيمەي ياشىماق ئۆلۈم بىلەن تەڭ بولۇر.

ھۆرلىگىمدۇر تىلىگىم باشقا دەردىم يوق مېنىڭ،
سەن بولغاچقا زۇلمەتتە پىغانلىرىم چوق مېنىڭ.

بولدى ماڭا تەجرىبە ۋەتەنسىزلىك تارئىكەن،
نەگە بارسا مۇشەققەت جاھان ئاڭا تارئىكەن.

دۈشمەن دىگەن ئىمانسىز ئىنسانىيەت ئۇقمايدۇ.
ئاچكۆز ياۋۇز ئىنساندا ۋىجدان نومۇس بولامدۇ؟

ئۇنىڭ ئاشۇ ئاچ كۆزى ھېچ نەرسىگە تويمايدۇ،
سېنىڭ يىغا - زارلىرىڭ ئاڭا توساق بولمايدۇ.

شۇڭا سەنمۇ تىرىشقىن كەلگۈسىگە يول تۇتۇپ،
تاپالمايسەن ئامانلىق باشقىلارغا قۇل بولۇپ.

سەنمۇ ئىنسان ئەمەسمۇ باشقىلاردىن نىمەڭ كام،
ساڭا نومۇس ئەمەسمۇ قۇللۇق دىگەن ئاشۇنام.

ئىنتىلمىسەڭ سەن ئەگەر ھۆرلۈك ئۆزى كىلەمدۇ؟
تىرىشمىغان كىشىگە ھايات بەخش ئېتەمدۇ؟

ھەركەت قىلغىن تۇرمىغىن ئاللاھ' بولسۇن مەدەتكار،
باسقىن ئالغا ئىلگىرلەپ دائىم بولۇپ ئۈمىدۋار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ساتتار بۇلبۇل

## غۇربەت غەزىلى

غۇربەت سۈرەيدۇ مېنى ــ بىر قاراگۇغا باشلاپ ....
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت قېنى ــ كىتئۈرەيمۇ تاشلاپ.

يورۇپ تاڭلار ئاتسىمۇ ــ دەيمەن تۈنمۇ كۈندۈزمۇ،
گۈللەر چېچەك ئاچسىمۇ ــ دەيمەن يازمۇ- يا كۈزمۇ.

كۆڭۈل ئەمەس ھەرقاچان ــ سۇنار شاھلار قىلىچى،
تاركېلەر بۇكەك جاھان ــ بولمىغاچ ئۆز يۇرت ئىچى.

غۇربەت جەننەتلىرىگە ــ چۈشمەس باقماس ھېچ كۆزۈم،
كەتسەممۇ بەك نېرىگە ــ يۇرت ئۈچۈنلا ھەرسۆزۈم.

ئەھمەت زىيائى

## ــــ ۋىجدان ــــ

قۇياش چېچىپ نۇرىنى يورىسۇن جاھان !
ياكى قارا تۈن بىلەن قاپلانسۇن جاھان !
مەرد يۈرەكدىن ياڭرايدۇ شۇ سادا ھامان
كىشى ئۈچۈن ئاڭ كېرەكلىك گۆھەردۇر ۋىجدان
قاچ ۋىجدانسىز ئىنساندىن زەھەرلىك يىلان !

ئابدۇللاھ

# سالام ساڭا تۈركىستان !

سۆيۈملۈك ئەل تۈركىستان — سۆيدۇم سېنى ھەرزامان
سەن بىر گۈزەل گۈلۈستان — سالام ساڭا تۈركىستان!

تىلغا ئالسام نامىڭنى — ئالەم شۇمۇل شانىڭنى
سۆيىنەر پۈتۈن قەلبىم — سلام ساڭا تۈركىستان!

سېنىڭ شەرەپ شانىڭنى — قەدىرلەيمەن ھەرزامان
دىللىرىمدا دولقۇنلار — سېنىڭ نامىڭنى تۈيدۇغۇم ئان.

مېھرىڭ ئىللىق بىر قوياش — باغرىڭ چەكسىز بىپايان
داڭلىق ئالىم ئىرپانلار — چىقتى سەندىن مىڭلىغان.

گۈزەل ئانا دىيارىم — ئازاتلىققا ئىنتىلگىن
كۆرەش قىلىپ ئاڭا دائىم — دادىل قەدەم تاشلىغىن.

ئاشۇ كۆزەل دىياردا — مەنمۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن
دەيمەن شۇڭا ھەردائىم — سالام ساڭا تۈركىستان.

قولۇم ئوتلۇق كۆكسۈمدە — ئىشقىم نۇرلۇق كۆڭلۈمدە
يۈكسەك تازىم ھۆرمەتتە — سالام ساڭا تۈركىستان!

## كائىناتتىن « ئىلىم - تېخنلوجى »

كائىنات شۇنداق چوڭكى، ئۇنى ئۆلچەملەر بىلەن ئۇقتۇرۇپ بولۇش تەسرەكدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن كائىنات ئۆلچەملىرىدە **نۇر يىلى ئۆلچىمى** ئىشلىتىلىدۇ. نۇر، بىر سېكونتتا ئۈچ يۈزمىڭ (300 000) كىلو مېتىر باسىدۇ. يەنى، 1 سېكونتتا دۇنيانى 7 قېتىم ئايلىنىدۇ. نۇر يىلى، نۇرنىڭ بىر يىلدا باسقان مۇساپىسى، 9460800000000 كىلو مېتىر بولىدۇ.

بۇ ھساپ بىلەن، ئاينىڭ نۇرى بىزگە 1 سېكونتتا، قۇياشنىڭ نۇرى 8 مىنۇتتا، ئۇرانئوس پىلانېتىنىڭ 3 سائەتتە، دۇنياغا ئەڭ يېقىن يۇلتۇز بولغان ۋە جەنۇپ يېرىم شارىدىن كۆرۈنگەن ئالفا سەنتورى يۇلتۇزىنىڭ نۇرى 4 يىلدا؛ شىمالى يېرىم شارىدىن كۆرۈنگەن سىرىئۇس يۇلتۇزىنىڭ نۇرى 8 يىلدا دۇنياغا يېتىپ كېلىدۇ. كۆك يۈزىدە بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرەلىگەن ۋە كۆرەلمىگەن مىليارلارچە يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بولسا، بىزنىڭ يەرشارىمىزغا مىليونلارچە نۇر يىلدا يېتىپ كەلمەكتەدۇر.

شۇتاپتا بىز، يۇلتۇزلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئەمەس، يۇلتۇزلارنىڭ بىزگە قانچىلىك ئۇزاق بولسا شۇنچىلىك ۋاقىت بۇرۇنقى ھالىتىنى كۆرۈۋەتىمىز.

## ھېچ بىلىمسىز قۇرئان بولامدۇ؟

پروف. در. ھانس پون ئايبەرگ
« زىمىندىن ـــ ئەرشگە مىراج »
تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلجېلىل قاراقاش

**بىلىم** بىلەن قۇرۇلغان ئىمانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى كۆڭلىمىزدە بولغان مۇددەتچە، مۇتەئەسسىپ، خۇراپىي دەپ ئېيپلايدىغان يامان تىللارنىڭ نىشانى بولۇشتىن قۇتۇلىمىز. ئۇلاردىن بۇرۇن ۋە ئەڭ بىرىنچى بولۇپ بىزلەر ھەقىقى مۇتەئەسسىپلىكە قالاقلىققا قارشى چىقىشىمىز كېرەككى، ئۇلار ئىزا تارتىپ قالسۇن. دۈشمىنىمىزنىڭ بىزگە ئىشلەتكەن قۇرالى قولىدىن چۈشسۇن. مۇتەئەسسىپ - خۇراپىي دېگەندەك سۆزلەردىن قاچىدىغان بولساق، ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالىمىز. ئوقۇغۇچىلىرىم بۇ تۇزاقتىن يىراق تۇرۇشى، مۇتەئەسسىپ ۋە قالاقلاردىن قېچىشى لازىم. چۈنكى ئورتا دەۋرىدە خرىستىيانلىق جاھالەت ۋە ئۇ قارا بىلىمسىز مۇتەئەسسىپلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، **ئىسلام بىلىمنىڭ نۇرى بىلەن** ئەتراپقا پارلاق نۇرلار چېچىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ھەقىقى **ئىسلام** بولغانلىقىنى ئەستە چىڭ ساقلىماق لازىم. **ئىسلام ئىلغاردۇر.**

بىلىمگە تايىنىپ بىلىمدىن ئايرىلمىغان مۇددەتچە مۇتئەسسىپلىككە پۇرسەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئوتتۇرا دەۋرنى يېڭى دەۋرى نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرغان، خرىستىيانلىقنىڭ قاراڭغۇلۇق دۇنياسىنى ھەم، بىلىم يولى بىلەن يورۇتقاندۇر. بۇ نۇر، ئەقلىنىڭ يوروغلىقىدۇر.

ئەقىلچى بولماق مەجبۇرىيىتىدىمىز: چۈنكى ئايەتلەرمۇ «**ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزدە بىر دەرس باردۇر**» دېگەن مەنادا ئەقىلچى چۈشەنچىنى ئۈگەتمەكتەدۇر. رابىمىزنىڭ ئەڭ بۇرۇن ياراتقان مەخلۇقى، ئۆز نۇرىدىن ياراتقان ئەقىلدۇر. ئەقىل نۇردۇر. كام ئەقىللىقىمىزدىن بولغان ئەيىبىمىز، ھەققى قالاقلىق بولۇپ ئۇلارنى ئۆزىمىزدىن ئايرىمىقىمىز ھەرگىز ئۇنىڭ تەرەبتارى بولۇپ جاسارەت رەبەرمەسلىگىمىز لازىم. چۈنكى ئۇلار بىزنى ئىچىمىزدىن ئۇرغان سۇيپىيانلاردۇر.

شۇ ياخشى بىلىنىشى لازىمكى، دىن ئەمەس، ئىنسانلار بۇزۇلماقتادۇر. مەيلى مۇتئەسسىپلىك بىلەن مەيلى غەرپىنىڭ تەقلىتچىلىقى بىلەن بولسۇن بۇ بۇزۇلۇشىنىڭ **ئىككىلىسى بىزدىن ئەمەسدۇر**. غەرپىنىڭ تەقلىتچىلىگىنى ھەرتەرەپتىن ئېلىۋاتىمىز، بوزغۇنچىلىق قىلىۋاتىمىز. **غەرپىنىڭ بىزگە ساتامىغان بىرلا نەرسىسى بىلىمدۇر**. چۈنكى بىلىم **ئاسان ئەمەستۇر**. ئىبادەتتەك تەس كىلىدۇ ئىنسانغا... **بىلىم تەس ئەمەسدۇر**، ئىبادەتتەك ئاسان كىلىدۇ ئىنسانغا...

ئاللاھ'نىڭ ئىلمىگە بۇنداق ئاسان ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى ئۈمۈد قىلىدىغان بولساق ئالدىنىپ قالىمىز. رابىمىزنىڭ كائىنات سىستىماتىگىنى ئاسان، كىچىك ۋە تاردائىرىدە ئويلايدىغان بولساق ھەم ئالدانغان بولىمىز، ھەمدە «تۇرۇپ قېلىپ كەينىگە چېكىنىش» ئۇ چوڭ كۈش دەۋرىنىڭ قالاقلىغىنى داۋام قىلدۇرغان بولىمىز. ئۇ ۋاقىت «شەرىق - غەرىپ پەرقى....» دېگەندەك شىكايەتلىرىمىزنى قىيامەتكە قەدەر تىلىمىزدىن چۈشۈرەلمەيمىز.

رابىمىزنىڭ ئىلمى، **ھەققەتەن ئاسان ئەمەسدۇر** ئەمما. ئەقىلگە بىلىم شۇنداق بىر ئىمتىياز بەرگەنكى. ئىنسان ئەقلى ئالەملەرنى ئېشىپ، ئۇنىڭغا يېتىشمەكتەدۇر. ئالەملەردىنمۇ كەڭ بولغان مكه، بۇ مۆجىزىيەتنى پەقەتلا بىلىم بىلەن قولغا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى ئىسلام ۋە بىلىم بىر- بىرىگە مۇستەھكەم باغلانغاندۇر. ئەقىل ۋە بىلىم ئىگىسىنىڭ ئەسەرلىرىدە چۈشۈنەلمىگەن يەرلەر بولسىمۇ، ئەقىلدە قالغانلار بىلەن ئۆپۈزقىلىرىمىز بىر قانچە مىسلى بىپايان

www.uyghurkitap.com



ئىخلىملارغا كېلىدۇ. بىلىمگە بېرىلگەن، ( مىسال ئۈچۈن سىز بۇيەردە ئوقۇۋاتقان ) بىر سائەت تەپەككۇرنىڭ « 70 يىللىق ئىبادەت ساۋابىغا تەڭ ئىكەنلىكىنى » بىلىپ ئوقۇڭ سۆيۈملۈك ئوقۇغۇچىلىرىم. قۇرئانىمىزنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر بايانلىرىغا بىلىم بىلەن يېتىشىپ ئارىپ بولىمىز. بىلىم بولمىغان يەردە مۇتەئەسسىپلىك جاھالەت باردۇر. بىلىم يورۇقلۇق ۋە ئىلىمدۇر؛ مۇتەئەسسىپلىك قاراڭغۇلۇق، جاھالەت ۋە خارلىقدۇر. راسۇلۇللاھ، بۇ توغرىدا شۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ: « ئاللاھ بىر بەندىسىنى خارقىلماق ئىستىسە، ئۇنى ئىلىمدىن مەھرۇم قىلىدۇ. » خارلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ سىرى قۇرئان كەرىمنىڭ تاھا سۈرىسى 144- ئايىتىدەدۇر. « **رابىبىم ئىلىممىنى** ( ناھايىتى كۆپ ) **ئاشۇر** »

ئىلىم ئىنساننى خار بولۇشتىن ساقلايدىغان ئۆمرۈنىڭ شەرىپى ۋە بەركىتىدۇر. ئىلىم شۇنداق ئەركىن قويۇپ بېرىلگەنكى، بۇنى ئەركىن ئىشلىتىشىمۇ باشقا تەسىر قىلىشى مۇمكىن. بىز قۇياشقا بارالمايمىز ئەمما قۇياشنى ئەقلەن دۇنياغا ئەكىلىپ سىرىنى يېشىمىز. ئوخشاش نەرسىلەر دىنىي بىلىملەر ئۈچۈنمۇ كۈچىغا ئىگىدۇر. دىن بىلىملەرنى شەكىللىرىنى ھېچ ئۆزگەرتمەي ياخشىلىنىپ ۋە ھەر زامانغا لايىق يېڭىلىنىدۇ. مەسىلەن « تۆگىگە ئوڭ تەرەپتىن بىسمىللاھ' بىلەن مىنىلىدۇ » ھازىر ئۈچاقلار ھەتتا ئايغا كىتىۋاتقان روكىتىلەر بار. ئۆتكەن قۇربانھېيت نامىزىنى ئايدا ئوقۇغان ئەرەپ شاھزادىسى، ئاي مەككىگە ( ئايغا چىقىدىغان روكىتاغا) بىسمىللاھ دەپ ئوڭ پۈتى بىلەن چىقتى. بۇ يەردە ئۆزگەرمىگەن نەرسە « بىسمىللاھ » دۇر. يەنى بىسمىللاھ'نى ئەمەس، بىز چىققان ۋاستىلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىشىمىزلازىم. قانداقكى، مۇتەئەسسىپلىككە چىڭ ئېسىلغان بەزى كىشىلەر، ( بىر ئەرەپ شاھزەدىسىنىڭمۇ ناماز ئوقۇغان ) ئايغا چىققانغا ئىشەنمەيدۇ ۋە ھازىرغىچە تۆگە تارتىشىلماقتا. مېنىڭ ئالدىمغا تۆگە كەلسىمۇ بىسمىللاھ بىلەن مىنىمەن، ئۈچاققا چىقسامىمۇ بىسمىللاھ بىلەن چىقىمەن. ھەتتا ھازەرپان ئاخمەت چەلەبى بىرىنچى ئۈچاقتىن 400 يىل بۇرۇن ياسىغان ( ئىستام بۇلنىڭ گالاتا تۆپىسىدىن ئۈسكۈدارغىچىلىك ئۈچقان ) پلانۆرىگە بىسمىللاھ بىلەن چىققان ئىدى. ئەمما ئۇنى شەيتاننىڭ ئۈچاتقانلىقىغا ئاللاھ'نىڭ ئىلمىگە ئارلاشقالىغا پەتىۋا بەرگەنلەر ئۆلتۈرگىزىۋەتتى. مۇتەئەسسىپلىك دېگەن ئەنە شۇنداق شەيتاننىڭ ئەڭ چوڭ ئىشكىلىدۇر. بۇ

ئەشەددى جاھالەتنىڭ دەردىنى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى تارتتى. چۈنكى، ئەگەر ئۇچاقنىڭ بۇ بىرىنچى شەكلى ئۈستىدە تۇرۇلغان بولسا ئىدى، ھازىلاردا ئىسلام روكەتلىرى ئاينى ئايلانغان بولاتتى. ئارۇپا، ھازەرپان' دىن 400 يىل كېيىن ئارانلا « بالۇننى » ئۇندىن كېيىن « ئۇچاقنى » كەشىپ قىلدى ۋە ئۇچۇشنى ئۆگەندى. ئىسلام دۇنياسىدا ھېچ كىم قورقۇقانلىغىن ھازەرپان تەجرىبىسىنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىمىدى. جاھالەتنى ئاللىقاچان يەڭگەن غەرىپ ئۇچاقنى، تۆرت يۈز يىل كېيىن يىڭىدىن كەشىپ قىلدى، مانا بۇنىڭدىن كېيىن رولىلار ئۆزگەرگەنلىگى ئۈچۈن ئايغا ئۇلار بۇرۇن ھاكىم بولدى.

بىلىم، جاھالەت مۇتئەسسىپلىكنىڭ ئالدىنى ئالدىغان بىردىن - بىر چارىدۇر.

پەن - تېخنىكا، مۇتئەسسىپلىكنى توسالمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلۇم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مەقسەتلەرگە خىزمەت قىلىدۇ. ئەمما ( بىلىمگە باغلىق ) **بىلىم يېتەرسىزلىگى تۇغرىدىن مۇتئەسسىپلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ**، بىلىملىك بولماق مۇتئەسسىپلىكنى ئۆلتۈرىدۇ.

1699 - يىلىدىن بۇيان پۈتۈن ئىسلام ئالىمى بۇ ئارقىغا قايتىشنى ھەقتەكەن

ئەمەس.... چۈنكى بىزدە كام بولغان نەرسە « **بىلىم** » دۇر. ( زىغ زاغ مۇئارىپچىلىرى مۆمىنلەرنىڭ يۇقاتقان مېلى، كامچىل، يوقسۇن بولغان بىلىم بوشلۇقنى مەقسەت قىلغاندۇر. )

غەرىپتە ( مەسىلەن خىرىستىيان بىر راھىپ ) ئۆزدىنىغا كۆرە دىندار دۇر، دۇرۇستدۇر، ئەخلاقىقا ۋە ئىبادەتكە ئىشىنىدۇ. ( ئۇنىڭ خاتالىقى، بۇ پەيغەمبەرلىرىنى ئىسلام ۋەھدانىيىتىدە ئەمەس؛ خىرىستىيان ئىتقادىدا ياشىشىدۇر )

ئەخلاق ۋە ئىمان، ئەھلى كىتاپلاردىمۇ باردۇر. مۇسۇلمانلىقىمىز بىلەن ئەخلاق ۋە ئىماندا ئەھلى كىتاپقا ئەمەس؛ پەقەتلا ئاتىزىمچىلەرگە قارىتا ئۆزىمىزنى ئۈستىن كۆرەلەيمىز.

ئەھلى كىتاپلارنىڭ (خىرىستىيانلىق، ياھۇدىلىك) ئۆزئۈاختىدا بىزدىنمۇ كۆپ بىلىمگە دۈشمەن بولغان كىلىسىنىڭ، بىلىمنىڭ قىممىتىنى بىلىپ، تىگىشلىك چارىلەرنى قوللۇنۇپ ۋە بۇ سايىدا ئالدىنقى سەپكە ئۆتىشىدۇر 1699 - يىلى، بۇنىڭ ئۈچۈن « يۈز قىزارتقۇچى بىر تۇرمۇز » تارىخىدۇر. چۈنكى ئەڭ ئەۋۋەلكى روكېتنىڭ بىرىنچى پلەنورنىڭ ۋە ۋېلىسىپتنىڭ تورمۇزلىرىغا قويۇلغاندۇر.

بۇ ئىشلار بولۇۋاتقان چاغلاردا، ئۇ

uyghurkitap.com



زامانىنىڭ مۇسۇلمانلىرى بىز لەر، ئاجايىپ بىر كېبىرىگە دۇچار بولۇپتىكەنمىز، خرىستىيانلارنى «كافىر» دېگەن چۈشەنچى بىلەن، ئۇلارغا يۇقۇرىدىن قاراپ، بىردىنلا ئۇلارنى يۇقۇرىمىزدا كۆرگەنمىز.

ئۇلار بىرلىشىپ، دۇنيانى بۆلۈشۈپ ۋە ئۆز زەپەرلىرىنى يايغان. خرىستىيان ئىمپىرىيالىست قوشۇنلىرى، سۆمۈرگۈلەشتۈرەلىگەن ھەر يەرگە ئەسارەتنى، قۇللۇقنى ۋە مەجبۇرى خرىستىيانلىقنى ئېلىپ بارغان، بۇ غەلبە زۇلۇم، سىڭدۇرۇش ۋە ھەزىم قىلىش بىلەن يېيىلغان! (ئەگەر ئامىرىكىغا ئەڭ بۇرۇن مۇسۇلمانلار قەدەم باسقان بولسا ئىدى، بۈگۈن يىندىيانلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇش ئېھتىمالى يۇقۇرى ئىدى. چۈنكى، ئىسلامىيەت ھېچ بىر بېسىمسىز، ئۆزلىگىدىن تۈركىستان، ئىندونوزىيە ۋە ئافرىقا قارىلىرىغا قەدەر يېيىلغان.)

بىز بولساق نەچچىگە بۆلۈنۈپ، بۇنىڭ بىلەن قالماي، پارچىلانغانمىز. خاتالىقىمىزنى مۇتئەسسىپلىك بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئەھكامچى بولغانمىز. شۇنداق دەپتۇقكى: «ئىلىم دېگەن شېرىك ۋە زىندىقتىن ئاللاھ' دىن پاناتىلەيمەن!...» بىزلەر، ئەسلى بۇسۇپيانلاردىن ئاللاھ' دىن پانا تىلەيمىز. چۈنكى ھەزرىتى مەھدىنىڭ سۈپۈتى ئىلىمدۇر.

## سۆھبەت... قەدىر كېچىسى

قەدىر كېچىسى، قۇرئان كەرىمدە مەدھى قىلىنغان ئەڭ قىممەتلىك كېچىدۇر. قۇرئان كەرىم، پەيغەمبىرىمىزگە بۇ كېچە كىلىشكە باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز «**قەدىر كېچىسىنى رامازان شىرىپىنىڭ يىگىرمە بىلەن ئوتتۇزۇنچى كېچىلىرى ئارلىقىدا ئىزدەڭلار!**» دەپ بۇيرىماقتا. ئايەت كەرىمدە: «**قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشىراقدۇر.**» دەپ بۇيرۇماقتادۇر. ئەسھابى ئىكرامنى، بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىدەك ھېچ بىر شەيئى خوشال قىلمىغان ئىدى. قەدىر كېچىسى ھەققىدىكى ھەدىس شىرىپدە شۇنداق بۇيرۇيدۇ: «**ئىبادەت ئۈچۈن ئەڭ ياخشى كېچە قەدىر كېچىسىدۇر. ئەڭ قۇرقۇنچ كېچە قەبرىدە قالغان كېچىدۇر. ئەڭ گۆزەل گېچەدە، ئەڭ قۇرقۇنچ كېچە ئۈچۈن ئەمەل قىلغان كىشىگە مۇجدىلەر بولسۇن!**»

«**قەدىر كېچىسىنى، ئىمان بىلەن ۋە ساۋابىنى ئۈمىد قىلىغان ھالدا ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ، بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىنى ئاللاھ' تائالا مەغپىرەت قىلىدۇ.**»

## — ئانا ۋەتەن تارىخىدىن —

## شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 1946 - 1949 : كوممۇنىست ئىستىلاسى ئالدىدىكى ۋەزىيىتى.

(شەرقىي تۈركىستاندىكى **مۇستەقىل قوماندانلار**)
يازغۇچى ئاندرېۋ د. ۋ. فوربېس. شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1911 - 1949 ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي تارىخى. تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى: ئەنۋەر جان.
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلجېلىل قارقاش

---

« ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ».

ماۋزېدۇڭ.

رۇس ۋە چىن كوممۇنىستلىرى دوستلارچە « ئىنتېرناسيونال » شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلەر بىلەن بىر-بىرلىرىگە قارىشاتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبلىرى شۈبھە بىلەن تولغان ئىدى.

شىڭ شىسەي.

### بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى، ئالتاي ۋە ئۆلكىنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار

جاڭ جىجۇڭ 1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن رادىيو ئىستانسىسى ئارقىلىق خەلققە نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە، ئىلى مەسىلىسىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جۇڭگونىڭ چوڭ ۋە دوست قوشنىسى سېۋىت ئىتتىپاقىغا، ئىلى ھۆكۈمىتى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا ئوينىغان كېلىشتۈرگۈچى تۆھپىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تىنچلىق ئۈچۈن بىرلىكتە كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. شۇ كۈنى جاڭ جىجۇڭنىڭ باشچىلىقىدا يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتى قۇرۇلدى. شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان بۇ يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكى ئەخمەتجان قاسىمىغا بېرىلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن « ئىلىدا » قۇرۇلغان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباس يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە باش كاتىپ مۇئاۋىنلىقىغا؛ رەھىمجان سابىر ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى مۇئاۋىنلىقىغا ۋە سەيپىدىن ئەزىز مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئىلى تەرىپىدىن يېڭى بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئالغانلارنىڭ ھەممىسى « تەرەققىپەرۋەر » ش ت ت م ق ك (1) سىگە يېقىن كىشىلەرئىدى. ئىلى گۇرۇپپىدىكى ئىلىخان تۆرە ۋە ئوسمان باتۇرغا ئوخشاش « مىللىيەتچىلەر » بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىرتىدا قالغان ئىدى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي بولمىغان باشقا رەھبەرلىرى؛ ئۇيغۇرلاردىن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ( ئىشلەپ - چىقىرىش مىنىستىرلىكىگە ) ۋە ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن؛ قازاقلاردىن جانىمخان ( مالىيە مىنىستىرلىكىگە) ۋە سالىس ( ئىككىنچى باش كاتىپ مۇئاۋىنلىقىغا )؛ ۋە تۇڭگانلاردىن ۋاڭ زىنشىن ( ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ) ئىدى.

گومىنداڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇيغۇر رەھبەر مەسئۇت سابىرى بايقۇزۇ بىۋاستە نەنجىڭگە قاراشلىق بولغان، شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي مۇپەتتىش مىنىستىرلىقىغا تەيىنلەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



گومىنداڭنىڭ كۆرۈنۈشتىكى بۇ يول بىرىشلىرىنىڭ ئەكسىچە، 1946 دە بىرلەشمە ھۆكۈمەتتى قۇرۇلغاندىن كېيىن شەرقى تۈركىستاننىڭ، سىياسى سەھنىسىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولمىدى.

« ئۈچ ۋىلايەت » ئىچىدە سېۋېت تەرەپدارى ش ت ت م ق ك ئەزالىرىنىڭ سۆزى ئۆتسە، شەرقى تۈركىستاننىڭ باشقا يەتتە ۋىلايەتلىرىدە ھاكىمىيەت، ئەنجىڭ ھۆكۈمىتى تەيىنلىگەن خىتايلارنىڭ قولىدا قالدى؛ ھاكىمىيەتنى قولىرىدا تۇتۇپ تۇرىۋاتقان خىتاي باشلىقلارنىڭ بېشى بولغان؛ جاڭ جىجۇڭ، ئۇنىڭ باش كاتىپى لىيۇ مېڭسون، سوتسىيال ياردەم مىنىستىرى چاۋچىڭەنفېڭ، ئىشلەپ چىقىرىش مىنىستىرى ياردەمچىسى چوچىڭەنچى ۋە گومىنداڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى 1000.000 ئەسكەردىن تەركىپ تاپقان قوشۇنلارنىڭ قوماندىنى سۇڭشىلەندۇر. بۇ گۇرۇپتىن جاڭ جىجۇڭ ھەقىقەتەن ئىسلاھاتچى تەرەپتارى كۆرۈنەتتى. ئۇيغۇر مەسئۇت سابىرى بايقۇزۇ ۋە تۇڭگان ۋاڭزىشىڭدىن ئۆزگە ئۇنىڭ باشقا خىزمەتداشلىرى گومىنداڭ رەھبىرى ئورگىنىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرى بولسىمۇ، ئىلى قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن ھەمكارلىششقا يېقىن كەلمەيتتى.

ئۆز ئارا ماسلىشالمىغان بۇ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، رەئىس جاڭ جىجۇڭ ئۆلكىدىكى بۇ يامان ۋەزىيەتنى نورماللاشتۇرماق ۋە خەلقنى يىگىدىن چىن ھاكىمىيەتكە باغلىماق مەقسىتىدە، 1946 - يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بىر قانچە ئىسلاھاتلار ئېلىپ باردى. جاڭ جىجۇڭ، بىرلەشمە ھۆكۈمەتتى قۇرۇلۇشىدىن بۇرۇن ئۆلكىدىكى سىياسى جەھەتتە قاماقتا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىلىشنى، 6 ئايلىق بىر مۇددەت ئىچىدە باجلارنىڭ ئازايتىلىشىنى ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدىكى ( شىنجاڭ ) ئانونىم شىركىتىنىڭ تارقىتىلىشىنى ( شەرقى تۈركىستاننىڭ پۈتۈن تاشقى ۋە ئىچكى تىجارىتى شىڭ سىسەي تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ شىركەتنىڭ ئىگىدارچىلىغىدا ئىدى ) تەستىقلىغان ئىدى. جاڭ جىجۇڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتتى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ ئىسلاھاتلارغا قوشۇمچە چىقارغان قانۇنلار بىلەن دۆلەت كادىرلىرىنىڭ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىنى مەنئى قىلدى. ( ئىچكى ۋە تاشقى تىجارەت ھەققى خەلققە بېرىلدى ). خۇسۇسى بانكىلار ئېچىش، مەبلەغ سېلىپ ئىشلەپ - چىقىرىشنى ئاشۇرۇشقا تەشۋىق قىلىندى.

دۆلەتنىڭ يۇخرالاردىن ئالىدىغان ئالۋاڭ - سېلىغى ئازايتىلدى. 1947' دە باجلارنىڭ ئازايتىلىشى ۋەدە قىلىندى. جاڭ جىجۇڭ ( بۇرۇنقى شەرقى تۈركىستان ئانونىم شىركىتىنىڭ مېلى بولغان ) كۆپ مىقتاردىكى ئافيۇننى تارتىۋېلىپ ئۇنى ئۇرۇمچىدىكى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدا كۆيدۈردى. خەلق ئىچىدىكى دىندار كىشىلەرنى مەمنۇن قىلماق ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلار ئارىسىدا ئۆيلىنىش رەسمى ھالدا مەنئى قىلىندى. چىن كوممۇنىستلىرىغا خوش كۆرۈنمەك ئۈچۈن بولسا كېرەك، شىڭ سىسەينىڭ سېۋېت بىلەن مۇناسىۋىتى يامانلاشقاندىن كېيىن شەرقى تۈركىستاندا قولغا ئېلىنغان 100 دىن كۆپرەك چىن كوممۇنىست پارتىيە ئەزاسىنى قويۇپ بېرىپ، مەخسۇس ماشىنىلار بىلەن يەنئەنگە يولغا

سېلىندى. جاڭ جېجوڭ ئىلى رەھبەرلىرى بىلەن ھەقىقى جەھەتتە ئەپلىشىش يولىغا ماڭدى:

« بىر توپىلاڭ ھەركىتى دەپ ئاتالغان ئىلى ۋەقەسىدە، خىتايلارغا قارشى بىر ھەركەت باشلىنىتىلغان، مۇستەملىكىچىلىكنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىغا چاقىرىلغان شۇئارلار مەيدانىغا كەلگەن. بۇ ۋەقەنى بىر توپىلاڭ دەپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. يېقىندا مەن نەنجىڭدە، خىتاي ۋە چەتئەللىك مۇخبىرلارغا قىلغان سۆزۈمدە، بىزنىڭ شەرقى تۈركىستانغا قارىتا يۈرگۈزگەن كونا سىياسىتىمىزنىڭ مەنتىقسىز بولغانلىقىنى سۆزلىدىم.

بىز خىتايلار شەرقى تۈركىستان نوپۇسىنىڭ % 5 نى تەشكىل قىلىمىز. نىمە ئۈچۈن بىز سىياسى رەھبەرلىكنى ئۆلكىنىڭ % 95 نى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا ئازسانلىق گۇرۇپپىلارغا بەرمىدۇق؟ بۇنىدىن بۇرۇن شەرقى تۈركىستاندىكى رەھبەرلەرنىڭ ئېلىپ ماڭغان سىياسىتى، كۆپ جەھەتتىن پۈتۈنلەي خاتا ئىدى. ھەقىقەتەن بۇنداق سىياسەتلەر ئىمپېرىيالىستلارنىڭ ئۆز مۇستەملىكىچىلىرىگە قاراتقان سىياسەتلىرىدىنمۇ پەرقسىزدى. بىز بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىشىمىز كېرەك. بۇرۇنقى باش ۋالى شىڭ سىسەينىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىدىن ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭ قالدۇرغان قان ئىزلىرىنى تازىلىشىمىز لازىم. »

( بۇ گۈنگىچىلىك ھېچ بىر خىتاي رەھبەر شەرقى تۈركىستان مەسىلىسىدە بۇنداق بىرلەشتۈرگۈچى يۇمشاق سۆز قىلمىغان ئىدى.)

جاڭ جېجوڭنىڭ كۆتۈلمىگەن بۇنداق يېقىملىق يۇمشاق ئىپادىلىرى باشقا خىزمەتداشلىرى تەرىپىدىن ھېچ خوش قارشىلانمىدى. گومىنداڭ رەھبەرلىرى شەرقى تۈركىستان خەلقىنى تالان - تاراج قىلىشقا داۋام قىلدى. ئەپسۇسكى جاڭ جېجوڭ، پاراخورلۇقنىڭ ئۆلىنى قومۇرۇپ تاشلاشقا تىرىشىشىمۇ، « پاراخورلۇق » گومىنداڭ رەھبەرلىرىنىڭ كىرىم مەنبەئەسى ئىدى. جاڭ جېجوڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندا باج ئازالتىشنىڭ ئورنىنى تولدۇرماق ئۈچۈن، مەركىزى ھۆكۈمەتتىن يىلدا 165.000.000 يۈەن پول ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە ھېچكىمنىڭ قوللىقىغا ياقمىغان ئىدى. دىمەك، جاڭ جېجوڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندا ۋەزىپە ئېلىشى، گومىنداڭنىڭ خىتايدا كوممۇنىستلەر بىلەن بولغان كۆرەش جەريانىدا راھەت بىر نەپەس ئېلىش ۋە شەرقى تۈركىستاندا سېۋىت نۇپۇسىنى ئازايتىش ئۈچۈن پىلانلانغان ۋاقىتلىق بىر سىياسەت ئىدى. ( يەنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستاندا يېڭىدىن خىتاي ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەنگە قەدەر « چىن چۇڭ ھۆكۈمىتىدىن » دىن پايدىلىنىشنى پىلانلىغان ئىدى.

بۇ ئۆتتۈرلۇقتا « ئۈچ ۋىلايەت » دە سېۋىت تەرەپتارلىرى بىلەن سېۋىتكە قارشى

www.uyghurkitap.com



تەرەپ ئوتتۇرىسى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئەسلىدە سېۋىتلەر ئى م ئا (2) بىرلىكنى ماناس دەرياسىدا ( ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ ) توختاتقان چاغدا، قوزغۇلاڭچىلارنىڭ باشقا گۇرۇپپىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ چىققاللىقى سىزىلگەن. ش ت ج (3) نىڭ پەخرى رەئىسى ئىلىخان تۆرە، خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن يېقىنلىششقا قەتئى شەكىلدە قارشى ئىدى. تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى « ئۇرۇش توختۇتۇش » شەرتنامىسى ئىمزالانغاندا ئىلىخان تۆرە، بۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ كۆز ياشلىرىنىنى تۇتالمىغان. ئىلىخان تۆرە، كېيىن قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغان تەكلىپلەرنى رەت قىلغان ئىدى....

گاراھامنىڭ بىلدۈرۈشىچە: ئۇ، ھېچ ئىز دەرەكسىز يوقاپ كەتكەن. سېۋىتكە قارشى بولغان قازاق مەنبەئەلىرى، ئىلىخان تۆرە ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

1946 - يىلى ئاغۇستنىڭ 16 كۈنى 4 سېۋىت ئوفىتسىرى، (چىگرىدىكى قورغاس شەھرىدىن ) چىگرادىن ئۆتۈپ ئىلىخان تۆرىنى غۇلجىدىكى ئۆيىدە زىيارەت قىلغان. ئۇلار ئىلىخان تۆرىنى قورغاسقا زىياپەتكە چاقىرغان. ئىلىخان تۆرە، بۇ دەۋەتكە سېۋىت ئوفىتسىرلىرىنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ كەتكەن ۋە شۇ كەتكىنىچە ھېچ قايتىپ كەلمىگەن.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئىلى رايۇنىدا سىياسى ھاكىمىيەت تامامەن ش ت ت م ق ك ئەزالىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ھاكىم بەگ غۇجا، ئىلىخان تۆرىنىڭ ۋارىسى بولغان بولسىمۇ، ئىلى ۋادىسىدا سېۋىتلەرنىڭ نوپۇسى خېلىلا كۆزگە كۆرىنىشكە باشلىدى. گاراھام، 1946 - يىل كۈزدە بۇ رايۇنغا بارغىنىدا غۇلجا شەھرىدە ۋە ياكى يول بويلىرىدا خىتاي ھاكىمىيىتىنى كۆرسىتىدىغان ھېچ بىر ئالامەتنى ئۇچراتمىغان. ئىلىدىكى پۈتۈن خەت ۋە ئېلانلار خىتايچە ئەمەس، ئۇيغۇرچە ۋە رۇسچە ئىدى. سودا ئىشلىرى ئومۇمەن سېۋىت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان. خىتايلاردىن ئېلىنغان غەنىمەتلەر: قورال ۋە باشقا ياردەملەرنىڭ بەدىلىگە سېۋىتلەر ئىتتىپاقىغا يوللانغان؛ ئى م ئا' نىڭ ياردار ئەسكەرلىرى غۇلجىدىكى دوختۇرخانىلاردا، سېۋىت دوختۇرلىرى ۋە سېسترالىرى تەرىپىدىن داۋالانغان. سېۋىت ئىنجىنىرلىرى شەرقى تۈركىستاندا كانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا داۋام قىلدى. ( خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىسىز ) غۇلجىدىكى سېۋىت ئەلچىخانىسى، چۆچەك ۋە ئالتايدىكى سېۋىت ئەلچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا « ئۈچ ۋىلايەت » خەلقىگە، بولۇپمۇ ئاق ئورۇسلارغا؛ ناھايىتى كۆپ ساندا سېۋىت گەرەجدانلىق بەلگىلىرى تارقاتقان. يەنە بىر تەرەپتىن، بىرلەشمە ھۆكۈمەت دەۋرىدە ئىلى رايۇنىدا يەر ئىسلاھاتى ياكى « مال تەقسىم قىلىش » جەھەتلەردە، رەسمى بىر تەشەببۇسمۇ قىلىنمىدى. بۇيەرلەردە خىتاي ئۇسۇلى يەرلىك باشقۇرۇش شەكلى ساقلىنىپ قېلىندى. دىن گە قارشى ھەركەت باشلىتىلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن 1946 . كۈزدە: شەرقى تۈركىستان، ھەم گومىنداڭ تىزگىنى ۋە ھەم سېۋىت تىزگىنى ئىچىدە بولۇپ، ئىككىگە بۆلۈنگەن بولدى.

---

1 ) شەرقى تۈركىستان تۈركلىرى مىللى قۇتۇلۇش كومىتېتى

2 ) ئىلى مىللى ئارمىيىسى

3 ) شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى

ئابدۇلخېلىل

# زامان بىلەن سۆھبەت

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاللاھ‘نىڭ ئالدىدا قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆمرۈمدە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلار بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ھاياتىمدىكى قىسقىغىنا بىرۋاقىتنى مۇناجات قىلىپ:

ھەي ۋاقىت ! مەن سېنى ياخشىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئىستەيمەن، قايت ئارقىڭغا دېدىم.

ۋاقىت: مەن توختاپ تۇرالمايمەن، ئارقىمغىمۇ قايتالمايمەن دېدى.

مەن: ھەي ۋاقىت قايت ماڭا، مەن سەندىن پايدىلىناي، خاتالىغىمنى تۈزىتەي دېدىم.

ۋاقىت: مەن ساڭا قاندىقمۇ قايتاي، سېنىڭ قىلغان خاتالىقلىرىڭ، بىھۇدە ئىشلىرىڭنىڭ كىتاپ سەھىپىلىرى مېنى ئورىۋالغان تۇرسا‘ دېدى.

مەن: قانچىلىك ۋاقىتنى بىكارغا زايا قىلغاندىمەن، ئەمدى مەن سېنى قەدىرلەي، مۇمكىن بولغانىغا قەدەر ماڭا قايت دېدىم.

ۋاقىت: قايتىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئەگەر قايتىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلسەئىدى، ئاللا قاچان قايتقان بولاتتىم، لېكىن سەن مېنى چاقىرغىنىڭدا ھاياتىڭ تۈگىگەن، قىلمىشلىرىڭنىڭ سەھىپىلىرى تامامەن ئىتتىلىپ، ئاللاھ‘تائالاغا تاپشۇرۇلۇپ بولغان ئىدى.

مەن: سەن ماڭا ھەمراھلىق قىلىۋاتسەن، قايتىشىڭ مۇمكىن ئەمەسمۇ؟ دېدىم.

ۋاقىت: مەن سەممى دوستلىرىمغا ھەمراھ بولىمەن، مېنى ھەقىقى ياخشى كۆرگەنلەر بىلەن دوست بولىمەن، سەن مېنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىم تۇرساڭ، ئىككى دۈشمەن قانداقلارچە بىريەردە بولسۇن، مەن قىيامەت كۈنى قىلغان خاتالىقلىرىڭ ۋە بىھۇدە ئىشلىرىڭدىن ئاللاھ‘تائالانىڭ ئالدىدا گۇۋالىق بېرىمەن، مېنى گۇنا ئىشلارغا ئىشلەتكەنلىگىڭنى شىكايەت قىلىمەن دېدى.

مەن: ۋاي شۇ ئۆمرۈمنى بىكارغا ئۆتكۈزگىنىمگە! مەن ساڭا ۋەدە قىلىمەن، بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمنى ناھايىتى ياخشى ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزسەم، مەن سەندىن خوش بولۇپقالاي، ماڭا قايتساڭ دېدىم.

ۋاقىت سۈكۈتتا تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com



مەن: ھەي ..... قىسقا ۋاقىت !
مىنى ئاڭلىمايۋاتىسەن؟ مەن خوش بولۇپ كېتەي ماڭا جاۋاپ بەر دېدىم.

ۋاقىت: ھەي .... غەپلەت ئۇيقۇسىغا تالغان، ۋاقىتلىرىنى زايا قىلغۇچى كىشى! ھازىر سەن ئۆمرۈڭدىكى قىسقىلا بىر ۋاقىتىڭنىڭ قايتىشىنى تەلەپ قىلىۋاتىسەن، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتىڭنى قوي، مېنىڭ ساڭا « **ان الحسنات يذهبن السيئات** » ( ياخشىلىقلار يامانلىقلارنى كەتكۈزىدۇ ) دېيىشتىن باشقا چارەم يوق. تېز بول ، ئىشقا كىرىش، بۇندىن كېيىنكى ۋاقىتىڭنى قەدىرلە، ياخشىلىقنى ئىزدە. ئاللاھ‘دىن قورق. پەرھىزكار ۋە تەقۋا بول. ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشقىلغىن. يامانلىقتىن قاچ. دۇنيا ۋە ئاخىرىتىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغىن. ياخشى ئىش قىلساڭ ۋاقىتلىرىڭمۇ قايتىپ قالار، ئۈمىدسىزلەنمە، غايىلىك ئۈمىدۋار بول. نەسىھەتلىرىمنى ئاڭلا، باش ـ باشتاقلىق ۋە جاھىللىقنى تاشلا، بىلىم ئال! مىنى ئاڭلاۋاتامسەن ؟. خەير ـ خوش دەپ مەن بىلەن ۋىدالاشتى.

## ھېكمەتلىك سۆزلەر:

---

ئىنسان ئاخىرەتتىكى ئۆيىنى دۇنيادا ياسايدۇ.
ھ ز. ئەلى ( ك ۋ )

ساقلىنىشقا تېگىشلىك بولغانلارنى ساقلىماق، ئىنساننى خەزىنە ساھىبى قىلار
ھ. ز گەيلانى ( ك، س )

دۈشمەنىنىڭ ئۇچۇق قويغان ئىشىگى، ئۆنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقىدۇ.
( زەپەر. ژۇرنىلىدىن)

كىيىملەر كۆرىدۇم ئىچىدە ئىنسان يوق، ئىنسانلار كۆرىدۇم ئۈستىلىرىدە كىيىم يوق
ھ . ز مەۋلانا ( ك. س )

چوڭ قىيىنچىلىقلارنى بەزىدە ئاز سىققەتلەر ھەلقىلىدۇ

ھەقىقەت ئاشكارا بولغاندا گۇمانلار ئۆزلىگىدىن يوقايدۇ
ھۇزەيل

قۇرئان‘غا ھۆرمەت، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئىتائەت قىلماقتۇر.
م. كايالار

بىلىمگەن يەردە تورسا ئىدى، خاتالاشماتتى
ھ. ئەلى ( ك. ۋ )





www.uyghurkitap.com